


قۇربان نىياز:

# ئىتتىپاقلىق گۈللىرىنى كۆڭۈل قويۇپ سۇغىرىش

□ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى ھەربىر ئادەمدىن، كىچىك ئىشلاردىن باشلاش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن، مەن داۋاملىق مەكتەپ مۇدىرى قۇربانىدىن ئۆگىنىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولىمەن.» 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۇچتۇرپان ناھىيەسى ئالغا بازىرى دۆلەت ئورتاق تىلى باشلانغۇچ مەكتىپىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتىدە ئىپادىسى مۇنەۋۋەر بولغان 6 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى گۈلزىبا ئەخمەت تەقدىرلەنگەن چاغدا بۇ سۆزنى قىلدى.

قۇربان نىياز قۇرغان ئالغا بازىرى دۆلەت ئورتاق تىلى باشلانغۇچ مەكتىپىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى دەرسخانىلارغا سىڭدۈرۈلۈپلا قالماي، يەنە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىگىمۇ سىڭدۈرۈلدى. قەرەللىك ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتىدە ئىپادىسى ياخشى مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش مەكتەپنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى كۆپلىگەن تەدبىرلىرىنىڭ بىرى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچى» ئىسلاھات ئاۋانگارتى دەپ نام بېرىلگەن، «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشكەن قۇربان نىيازنىڭ قارىشىچە، ۋەتەنپەرۋەرلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈشنى بالىلاردىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك. بۇ يىل، ئۇ مەكتەپنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسىنى كېڭەيتتى: سىنىپلاردا ھەر كۈنى « سىنىپ ئېكرانى»دىن پايدىلىنىپ بىر ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقات فىلىمى قويدى، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ھەر ھەپتىدە مەركەزلىك بىر قېتىم قىزىل كىنو كۆردى؛ ئوقۇتقۇچىلار ھەر ھەپتىدە نۆۋەت بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بويىچە لېكسىيە سۆزلىدى، ھەپتە ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ زىيارەت قىلدى؛ ئوقۇغۇچىلار ھەر ئايدا ئىككى قىزىل ناخشا ئۆگىنىپ، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بىردىن قىزىل ناخشا ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

قۇربان ئالغا بازىرىدىن چىققان تۇنجى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، 1986 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. خىزمەتتىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن ئۇ ئاشخانا، تاللا بازىرى ۋە دورا دۇكىنى ئاچقان، ئازراق پۇل تاپقاندىن كېيىن، ئۇ ئېچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئوقۇغان ھەم مەكتەپ قۇرۇپ يۇرتىدىكى بالىلارغا دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئۆگىتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ئارزۇسى تۇغۇلغان.

2003 - يىلى، قۇربان ئائىلىسىدىكى بارلىق يىغقان 600 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى چىقىرىپ، ئالغا بازىرى دۆلەت ئورتاق تىلى باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇرغان. ئۇ يۇرتداشلىرىغا تەشۋىق قىلىپ، كۆپچىلىكنى بالىلىرىنى ئوقۇشقا ئەكېلىشكە ئىلھاملاندۇرغان.

دۆلەت ئورتاق تىلى باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يېزىدىن كەلگەن بولۇپ، دۆلەت ئورتاق تىلى ئاساسى ئاجىز ئىدى. قۇربان «سىڭدۈرۈش شەكلى»دىكى ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلدى. مەكتەپتە بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار دۆلەت ئورتاق تىلىدا پىكىر ئالماشتۇردى؛ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا، مەكتەپ تۆۋەن يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىككى ئوقۇتقۇچىنى دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇردى، بىر ئوقۇتقۇچى مۇنبەردە دەرس ئۆتسە، يەنە بىر ياردەمچى ئوقۇتقۇچى ھەرىكىتى ئارقىلىق دۆلەت ئورتاق تىلىنىڭ مەنىسىنى شەرھلەپ چۈشەندۈردى؛ ھەر ھەپتىدە نۆۋەت بىلەن 3 - يىللىقتىن 6 - يىللىقچە بولغان بىر سىنىپنى جۇڭگو مەدەنىيىتى ئىلمى جەۋھىرىنى ئۆگىنىش، شېئىر - قوشاقلارنى تەتقىق قىلىپ ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇردى...

پۈتۈن كۈنلۈك «سىڭدۈرۈش شەكلى»دىكى تەربىيە ئارقىلىق، بالىلار يېڭى مەكتەپكە كىرگەندە دۆلەت ئورتاق تىلىنى بىر ئېغىزمۇ سۆزلىيەلمەيدىغان ھالەتتىن، 3 - يىللىقتا چىققاندا دۆلەت ئورتاق تىلدا راۋان پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان ۋە ئىپادىلىيەلەيدىغان ھالەتكە كەلدى.

دۆلەت ئورتاق تىلى ئوقۇتۇشى جەريانىدا، قۇربان يەنە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئىخچام دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا «كۆڭزىنىڭ ياقا يۇرتتا ئوقۇشى»، «خۇا مۇلەننىڭ ئەسكەر بولۇشى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى، ئوقۇغۇچىلارغا جىڭجۇ تىياتىرى، يۆجۇ تىياتىرى ئېيتىشنى ئۆگىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلى بىلەن جۇڭخۇا تىياتىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلىدى، مەكتەپ سەھنىلەشتۈرۈپ ئورۇنلىغان نۇرغۇن نومۇرلار كۆپ قېتىم ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىدە ياخشى باھاغا ئېرىشتى. ئالغا بازىرىدىكى نۇرغۇن كادىر، ئامما مۇنداق باھا بەردى: قۇربان ھەقىقەتەن بىر ياخشى باغۋەن، ئۇ چىن دىلى، ھەقىقىي ھېسسىياتى بىلەن بالىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى، شۇنداقلا جاپالىق ئەمگىكى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى سۇغاردى.

كۆرگەننىڭ كۆزىگە، ئاڭلىغاننىڭ قۇلىقىغا سىڭدۇ، دېگەندەك، ئالغا بازىرى دۆلەت ئورتاق تىلى باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى بالىلارنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتى ئىلمىگە بولغان قىزىقىشى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ياخشى ئۆسمۈرلەردىن بولۇش ئاكتىپچانلىقى بارغانسېرى ئاشتى؛ بالىلارنىڭ تۈرتكىسىدە، ئاتا - ئانىلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېڭىمۇ ئۆزلۈكسىز كۈچەيدى. ھازىر نۇرغۇن ئاتا - ئانا ياڭگىر ئۇسسۇلى ئويناش، قىزىل ناخشىلارنى ئېيتىشقا ئامراق بولۇپ قالدى، يەنە ھويلا - ئارانلارنى ئۆزگەرتىشتە جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى سىڭدۈردى.

# تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىش تۈزۈم ئىجرا قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش
# تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈنۈم - ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇش

(بېشى 1 - بەتتە)

لېكسىيە سۆزلەشكە قاتناشقان يولداشلار ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دەرس تەييارلاپ، ھازىر كادىرلار، ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، كارخانا، يېزا، ئورگان، مەكتەپ، مەھەللىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئامما بىلەن يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى چوڭقۇر سۆزلەپ، ئېنىق سۆزلەپ، ئومۇمىي يىغىن روھى ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەپ، ئورتاق تونۇشنى ئاشۇردى.

ئاقسۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پېنسىيەگە چىققان كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، پارتىيە ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. ئاقسۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى زېڭگاڭ مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى ۋە تېخىمۇ تولۇپ تاشقان خىزمەت قىزغىنلىقى بىلەن تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىپ، خىزمەتنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىلمىيلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق بىلەن ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق تونۇشقا يېتەكلەپ، باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، پۇختىلاشقا تۈرتكە بولدى.

ئىلى سىفەن داشۆسى «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس»، باش تېمىلىق سىنىپ يىغىنى، باش تېمىلىق ئىتتىپاق دەرسىنى ئاساسىي يول قىلىپ، 100 كىشىلىك لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنى تۇتقا قىلىپ، ئومۇمىي يىغىن روھىدىن لېكسىيە سۆزلەشنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، قاراتمىلىق ھالدا قاتلامغا، تۈرگە ئايرىپ تەشۋىق قىلىش، تەربىيەلەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

### ■ تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىش

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئاساسنى مۇستەھكەملەش، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرنى كۈچەيتىشكە كۈچەپ، سىستېمىلىق، مۇكەممەل، ئىلمىي، قېلىپلاشقان، يۈرۈشلۈك ئۈنۈملۈك بولغان تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

بۇرچىن ناھىيەلىك تەبىئىي بايلىق ئىدارىسى كۆچمەس مۈلۈكنى تىزىملاش مەركىزى ئىش بېجىرىش تەرتىپىنى ئىلمىي قېلىپلاشتۇرۇپ، ئادەمنى، ئىشنى تۈزۈم ئارقىلىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇچۇر سۈرۈشتۈرۈشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئېلېكترونلاشتۇرۇشنى تەدرىجىي ئالغا سىلجىتىپ، قوبۇل قىلىدىغان ماتېرىيال تىزىملىكىنىڭ %30نى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە ئازايتىپ، ئادەتتىكى تىزىملاپ بېجىرىش ۋاقتىنى ئون خىزمەت كۈنىگە قىسقارتتى، رەنگە قويۇشنى تىزىملاپ بېجىرىش ۋاقتىنى بەش خىزمەت كۈنىگە قىسقارتتى، يۇقىرى سۈپەتلىك مۇلازىمەت ئىش بېجىرگىلى كەلگەن ئاممىنىڭ بەس - بەستە ماختىشىغا ئېرىشتى.

قاراماي شەھىرى مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى ھەم ئەندىزىسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئۆزى ئۈستىگە ئالغان مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىش تۈرلىرىگە قارىتا تۈركۈمگە بۆلۈپ بىر - بىرلەپ قايتا تەرتىپ ئورنىتىپ، قېلىپلاشقان تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمىنى ئورناتتى، تاكامۇللاشتۇردى. نۆۋەتتە، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت زالىدىكى 136 مۇلازىمەت كۆزنىكى بىرىكتۈرۈلۈپ ھازىرقى 93كە قىسقارتىلدى، 1299 ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت ئىش تۈرىنىڭ %70تىن كۆپرەكىنى «بىر كۆزنەك»تە تۈرگە ئايرىپ قوبۇل قىلىپ بېجىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئامما ۋە كارخانىلارنىڭ ئىش بېجىرىش ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %42 قىسقارتىلدى، يوللىنىدىغان ماتېرىياللار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %35 ئازايتىلدى. قاراماي شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى بايلىق سودا مەركىزىنىڭ مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزۈم ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، ئالاقىدار تەرتىپ مېخانىزملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تىجارەت - سودا مۇھىتى بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ، بىر كۆزنەكتە قوبۇل قىلىپ بېجىرىش، بىر توردا ئومۇميۈزلۈك بېجىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە داۋاملىق دادىل يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىزدىنىش كېرەك.

لوپنۇر ناھىيەسى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، مەخسۇس تۈزەشنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مۇھىتنى ئەلالاشتۇرۇش، تور قۇرۇلۇشى خىزمىتى ۋە ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش قاتارلىقلار بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈردى، ھەرقايسى يېزا - بازارلار، تارماقلار، ئورۇنلار 115 مەسىلىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، بىر - بىرلەپ تىزىملىك تۇرغۇزۇش، نومۇر بويىچە تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ باشقۇرۇپ، تۈرمۇتۈر جايىدا تۈزىتىپ، بىر - بىرلەپ ئاخىرغىچە تۈتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىپ، نۇقتىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ، ئىشنى تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىن باشلاپ، نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى تۈزۈملەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈم ئارقىلىق ھوقۇق باشقۇرۇش، ئادەم باشقۇرۇش، ئىش باشقۇرۇش، پۇل باشقۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

بورتالا يول مەمۇرىيىتى - دېڭىز ئىشلىرى ئىدارىسى سايرام كۆلىدىكى چەكتىن ئاشۇرۇپ يۈك بېسىشنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى ھازىر بار بولغان خىزمەت مېخانىزمىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش - كۆزىتىش ئاساسىدا، چەكتىن ئاشۇرۇپ يۈك بېسىشنى تۈزەش پونكىتى پارتىيە تەشكىلاتى ئومۇميۈزلۈك قاپلاش ۋە يول مەمۇرىيىتى قانۇن ئىجراسىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كادىرلار ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈش، ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈش، ئومۇمىي ئۆگىتىش قىلىپ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش، قائىدە - تۈزۈم ئورنىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، يۈك ئاپتوموبىلى شوپۇرلىرىنىڭ چەكتىن ئاشۇرۇپ، نورمىدىن ئاشۇرۇپ يۈك بېسىش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىگە بولغان رازى بولۇش دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق قاتناش - ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى تاۋ جۇنشيۇڭ مۇنداق دېدى: «باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىز ئىشنى ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىشتىن باشلاپ، يۈك ترانسپورتىدا قانۇن ئىجرا قىلىش ساھەسىدىكى چەكتىن ئاشۇرۇپ، نورمىدىن ئاشۇرۇپ يۈك بېسىشقا قارىتا قانۇن ئىجرا قىلىش قاتتىق بولماسلىق، قانۇن ئىجرا قىلىش ئادىل بولماسلىق ھەم ھوقۇق ئىجارىكەشلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق تۈزەپ، چەكتىن ئاشۇرۇپ يۈك بېسىش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك تۈزەپ، ترانسپورت تىجارىتى مۇھىتىنى تەرتىپكە سېلىپ، يۈك ترانسپورت شوپۇرلىرى ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتۇق. كېيىنكى قەدەمدە، بىز تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈنۈم - ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈم ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرىمىز.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاۋ جىيۈن، جاۋ شىيا، شيا چىڭ، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن رېن خۇڭفاڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز لو ياڭشۇ، لى خۇيلىڭ، ساۋ يىڭۋاڭ، سەي شياۋچىڭ، پاڭ بو يازغان)**

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 72 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1+3+3+ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى باش تۇتقا قىلىپ، سۈتچىلىكنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، ئاساسنى كۈچەيتىپ، سۈت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تېز ئاشۇرۇش؛ بازارنى يېتەكچى قىلىپ، ئىچكى - تاشقى بازارنى كېڭەيتىپ، سۈت مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇش؛ ئەلا سۈپەتلىك، بىخەتەر، يېشىل تەرەققىياتنى يۆنىلىش قىلىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىپ، سۈت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىك سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. شىنجاڭنىڭ سۈتچىلىكىنى زورايتىش، كۈچەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېزلىتىپ، دۆلەتنىڭ سۈتچىلىكنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەلىك چوڭ ۋەزىيىتىگە پائال سىڭىشىپ ۋە مۇلازىمەت قىلىپ، شىنجاڭنى مەملىكەت بويىچە سۈتچىلىك چوڭ رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنىڭ يېشىل تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىش، ھەم يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سۇ رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر، شۇنداقلا بېلىقچىلىقنىڭ كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، بېلىقچىلىقنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇقەررەر تاللاش. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، يېشىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، بېلىقچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشۇش ھەمدە خەلقنىڭ گۈزەل سۇ رايوننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىغا بولغان ئېھتىياجىنى نىشان قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىپ، سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنىڭ يېشىل تەرەققىيات بوشلۇق ئەندىزىسى، كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 73 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

گېئوپاركنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نىزامىنىڭ تۈزىتىلمىسى (لايىھە)»، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سۇنغان «ئاپتونوم رايوننىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق بەش يەرلىك نىزامنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ، «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ يېڭىلىق يارىتىشچان شىنجاڭ قۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى(لايىھە)»، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2019 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەڭشەش توغرىسىدىكى لايىھەسى(لايىھە)، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن - تۈزۈم كومىتېتى، مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا كومىتېتى، مىللەت، دىن، تاشقى ئىشلار، خۇاچياۋلار كومىتېتى، مۇھىت ۋە بايلىق قوغداش كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى قاراپ چىقىشقا تاپشۇرغان ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىش ئەھۋالى؛ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يېزا - كەنت تازىلىقى نىزامى» «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سايرام كۆلىنى قوغداش نىزامى» «سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شەھەر - يېزىلارنىڭ تۇرالغۇ مۇھىتىنى كۆكەرتىش نىزامى» «قومۇل شەھىرىنىڭ سۇ بايلىقىنى قوغداش نىزامى»نى تەكشۈرۈش ئەھۋالى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، يۇقىرىقى قارالما (لايىھە) قاتارلىقلارنى دائىمىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىندا ئاۋازغا قويۇشقا سۇنۇش قارار قىلىندى.

يىغىندا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش نىزامىنىڭ تۈزىتىلمىسى (لايىھە)» «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئائىلە زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى(لايىھە)»نى قاراپ چىقىش ئەھۋالى ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىگە ئاساسەن، يۇقىرىقى نىزام (لايىھە) قاتارلىقلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ دەللەپ ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كېيىنكى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

يىغىندا يەنە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2018 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوت ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم - چىقىمىنى ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشتا تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىش ئەھۋالى ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىنى توپلاپ، رەتلەپ، تەرتىپ بويىچە ھۆكۈمەتنىڭ تەتقىق قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارار قىلىندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلارنى سوت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىش ئەھۋالى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەت دەۋاسى دېلولىرىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىش ئەھۋالى ئاڭلاپ ئۆتۈلۈپ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىنى توپلاپ، رەتلەپ، تەرتىپ بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەتقىق قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۇن، ۋاڭ يۈمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۋاڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۈ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جارۇللا ھېسامىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 21 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 8 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

يىغىندا سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارار (لايىھە)، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنىڭ قارالمىسى (لايىھە)، كۈنتەرتىپى (لايىھە)، سىرتتىن قاتنىشىش دائىرىسى (لايىھە)، گۇرۇپپىلارغا ئايرىش چارىسى ۋە گۇرۇپپا يىغىن چاقىرغۇچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە)، ھەر قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسلىرى ۋە رىياسەتچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە)، دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى دوكلاتىدىن دوكلات بېرىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە)، يىغىنىنىڭ باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە) قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، يۇقىرىقى لايىھەلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 8 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

يىغىندا سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى (لايىھە) ۋە سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى دوكلاتى (لايىھە) قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى؛ سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى، سىياسىي كېڭەش ئورگىنىنىڭ «بىرىكمە مۇشت»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ 2019 - يىللىق خىزمەت دوكلاتى يازمىچە قاراپ چىقىلدى، يۇقىرىقى ھۆججەت لايىھەلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 8 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

**گېزىتىمىز خەۋىرى** يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 20 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى ئېچىلىپ، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ خىزمەت قائىدىسى (لايىھە)، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت قائىدىسى (لايىھە)، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپە ئادا قىلىشىنى باشقۇرۇش چارىسى (لايىھە)، سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ تەكلىپ خىزمىتى نىزامى (لايىھە) قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، يۇقىرىقى لايىھەلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 8 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جېنشەن، جۇرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىس مۇتەللىپ ئوبۇل، ياڭ يۇڭ، ئىلھام سابىر يىغىنغا قاتناشتى.